بىر ئۆمۈر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېھرىنى يەتكۈزۈش

—— 6 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە ئەخلاق نەمۇنىچىسى سالىقجان ئىمىن توغرىسىدا

ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ خىسلىتى

☐ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋېن بو

چۆچەك شەھىرى يېڭىشەھەر كوچا باشقارمىسى قارا دۆڭ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى سالىقجان ئىمىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىنتىلىشى قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى يەتكۈزدى، ئۇنىڭ ھېكايىسى كەڭ تارقالدى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بۇلارنى تىلغا ئالغاندا، بۇ يىل 73 ياشقا كىرگەن سالىقجان مۇنداق دېدى: «مەن ئانارنىڭ بىر تال دانىسى بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېھرىنى بىر ئۆمۈر يەتكۈزىمەن».

سالىقجان 1992 ـ يىلى سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ جايدىكى ئادەم ئېقىمى ئەڭ كۆپ بازاردا بىر «خاتىرجەم گۆش دۇكىنى» ئاچقاندى. ئەزەلدىن گۆشنى كەم جىڭلاپ بېرىدىغان، قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان ئىشنى قىلمىغاچقا، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ئۇنىڭ گۆش دۇكىنىغا كېلىدىغان بولدى.

پۇل تاپقاندىن كېيىن، سالىقجان ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قولايسىزلىقىنى كۆرۈپ، خوتۇنى بىلەن بىللە دائىم ياشانغانلارنى يوقلاپ، ئۇلارغا تەمىنلىك تاماقلارنى ئېتىپ بەردى، ياردەملىشىپ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بەردى.

سالىقجاننىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشلارنى قىلىش بالىلىق چاغلىرىدىكى قىزىل ئۇرۇقنىڭ يىلتىز تارتىپ بىخلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. 1950 ـ يىلى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى مەلۇم قىسمىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى چۆچەك شەھىرىگە كەلگەندە، بىر مەھەل تۇرىدىغان جاي تاپالماي قالغان. سالىقجاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىكار تۇرغان تۆت ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئۆيىگە باشلاپ كەلگەن. سەككىز يىل ۋاقىت ئىچىدە، سالىقجاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر جەڭچىلەر بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىجىل ـ ئىناق ئۆتكەن.

«شۇ چاغدىن باشلاپ ھويلىمىزدا بىر قىزىل بايراق لەپىلدەپ تۇرىدىغان بولدى، بۇ مەنزىرە مېنىڭ خاتىرەمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ تەسىرىدە، مەن پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىش ئېتىقادىمنى چىڭىتتىم» دېدى سالىقجان.

1962 ـ يىلى، يېڭىلا ئىچكىرى ئۆلكىدىن چۆچەككە ئىشلەمچى بولۇپ كەلگەن مىڭ گۇاڭجى تۇرىدىغان جاي تاپالماي قىينىلىپ قالغاندا، سالىقجاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر ئېغىز ئۆيىنى مىڭ گۇاڭجىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بوشىتىپ بەردى، ئۇلار بۇ ئۆيدە شۇ تۇرغىنىچە 20 نەچچە يىل تۇردى، ئۇلار يەنە قېرىنداشلارچە مېھر ئورناتتى. 1985 ـ يىلى، مىڭ گۇاڭجى ئائىلىسىدىكىلەر بىنا ئۆيگە كۆچتى، لېكىن ئىككى ئائىلە كىشىلىرى يېقىن ئالاقىسىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. 1997 ـ يىلى، مىڭ گۇاڭجى جىگەر راكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندە سالىقجان ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

سالىقجان ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق — بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق — ئاپەت دېگەن داۋلىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. 2009 ـ يىلى، سالىقجان ئۆز ھويلىسىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدە، شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، دۆلەت بايرىقى كىچىك ھويلا ئاسمىنىدا لەپىلدىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىمقى مۇھىم، زور بايراملاردا سالىقجان ئۆز ھويلىسىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئەتراپتىكى قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. قاتنىشىدىغان ئادەمنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سالىقجان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېپىك ئىش ئىزلارنى ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەسىراتىنى تەشۋىق قىلىشنى قارار قىلدى.

«بىز ھازىر يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايمىز، كېسەل كۆرسەتسەك داۋالىنىش سۇغۇرتىمىز بار، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ يەنە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بار... بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقى، بىزنىڭ پارتىيەمىز ۋە ۋەتىنىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەسلىككە نېمە ئاساسىمىز بار؟ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىماسلىققا نېمە ئاساسىمىز بار؟» سالىقجان تەشۋىق قىلغاندا دائىم مۇشۇنداق دەيدۇ.

2017 ـ يىلى، سالىقجان يەنە ھەر ھەپتىدە ئۆيىدە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ھويلىسى ھەر دۈشەنبە كۈنى ئادەم بىلەن لىق تولىدىغان بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، سالىقجان ئائىلىسىنىڭ كىچىك ھويلىسى چۆچەك شەھىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە بازىسى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى. ئۇ زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن كىچىك دۆلەت بايرىقىنى سوۋغا قىلىدۇ، ھازىرغىچە 60 مىڭدىن ئارتۇقنى تارقىتىپ بولدى، ئۇنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاڭلىغان كادىر ۋە ئامما 150 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى.

ھازىر، سالىقجان دۆلەت بايرىقى چىقىرىش ۋە تەشۋىق قىلىش مۇھىم ۋەزىپىسىنى بالىلىرىغا تاپشۇرۇشنى پىلانلىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «كېيىن مەن سۆزلىيەلمەي قالسام، ئوغلۇم سۆزلەيدۇ، ئوغلۇم سۆزلىيەلمەي قالسا، نەۋرىلىرىم يەنە كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ».

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

جوۋ خوۋگاڭ: قەيسەر قەھرىماننىڭ «ئىنتايىن مۇھىم ئۆتكەل»نى بەرپا قىلىشى

جوۋ خوۋگاڭنىڭ سۈرىتى

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (دەندۈڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش خاتىرە سارىيى تەمىنلىگەن)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جىنەن، 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ ياڭ) ماماكاپ ئېچىلغان مەزگىلدە، مۇخبىر شەندۇڭ ئۆلكىسى رۇڭچېڭ شەھىرى نىڭجىن كوچىسى نەنگاڭتوۋ كەنتىگە كەلدى، كەنتتىكى «جوۋ جەمەتى ئىبادەتخانىسى»نىڭ كۆرۈنەرلىك جايىدا «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى» ئىنقىلابىي قۇربان جوۋ خوۋگاڭنىڭ سۈرىتى قويۇلغان ۋە ئىش ئىزلىرى يېزىپ قويۇلغانىدى. ھەر يىلى چىڭمىڭ ياكى مۇھىم، زور بايرام كۈنلىرىدە، شۇ جايدىكى پىيونېرلار، كادىرلار، ئاممىا بۇ يەرگە كېلىپ گۈل تەقدىم قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ئەسلەيدۇ، تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

1924 ـ يىلى ئەتىيازدا، جوۋ خوۋگاڭ نەنگاڭتوۋ كەنتىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئازادلىق ئارمىيەگە قاتناشقان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ، پىدائىي قىسىم 20 ـ جۈنى 59 ـ شىسى 176 ـ تۇەنى 5 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى بولغان.

چاۋشيەنگە كىرگەندىن كېيىن، جوۋ خوۋگاڭ 2 ـ، 4 ـ، 5 ـ قېتىملىق جەڭلەرگە ۋە 1951 ـ يىلدىكى ئىستىھكام مۇداپىئە جېڭىگە قاتناشقان، بولۇپمۇ 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 785 ـ ئېگىزلىكتىكى مۇداپىئە جېڭىدە، ئۇ پەم ـ پاراسەتلىك، باتۇر بولۇپ، پۈتۈن لىيەنگە قوماندانلىق قىلىپ، ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاش، قېرىنداش قىسىملارنىڭ يۆتكىلىشىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغان.

785 ـ ئېگىزلىكتە مۇداپىئەلەنگۈدەك تەبىئىي توسۇق بولمىغاچقا، بۇ يەردە توسۇپ زەربە بېرىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى بىلىش تەس ئەمەس. 1951 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كېچىدە، جوۋ خوۋگاڭ پۈتۈن لىيەندىكى 170 نەچچە جەڭچىنى باشلاپ 785 ـ ئېگىزلىككە چىقىپ، «ئوت كۈچى ئالدىدا كۈچلۈك كەينىدە ئاجىز بولۇش، ئەسكىرىي كۈچ ئالدى تەرەپتە ئاز كەينى تەرەپتە كۆپ بولۇش»تەك سەپ ئورۇنلاشتۇرغان ھەم «ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭىش، يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى كۆپلەپ يوقىتىپ، 785 ـ ئېگىزلىكنى چىڭ ساقلاش»تەك جەڭ قىلىش پىلانىنى بېكىتكەن.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، دۈشمەن ھۇجۇم قوزغاپ، 785 ـ ئېگىزلىكنى ئالا قويماي بومباردىمان قىلغان. كېيىن، ئۈچ تەرەپتىن نۆۋەت بىلەن كۈچلۈك ھۇجۇم قىلغان. دۈشمەننىڭ كېچە ـ كۈندۈز دېمەي قوزغىغان كۈچلۈك ھۇجۇمى ئالدىدا، جوۋ خوۋگاڭ پۈتۈن لىيەندىكى جەڭچىلەرنىڭ ئىستىھكام، ئاكوپلاردىن پايدىلىنىپ سالماقلىق بىلەن جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغان، يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىشتىن پايدىلىنىپ قايتۇرما زەربە تەشكىللەپ، دۈشمەننىڭ ھەر قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن.

ئۇزاققىچە ھۇجۇم قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن دۈشمەنلەر ئۈچ ئېغىر زەمبىرەك لىيەنىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۈچ ـ تۆت سائەت توپقا تۇتقان، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان زەمبىرەك ئوقى 785 ـ ئېگىزلىكنى بىر پارچە خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ ئېغىر قوراللار ئەۋزەللىكى ئالدىدا 785 ـ ئېگىزلىكنى چىڭ ساقلاش ئۈچۈن، جەزمەن دۈشمەننىڭ زەمبىرەك توپىنى ۋەيران قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن 5 ـ لىيەننىڭ پەقەت بەش كىچىك زەمبىرەكلا بار ئىدى. جوۋ خوۋگاڭ زەمبىرەكچىلەر بىلەن بىللە دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قازىنىش ئۇسۇلى — زەمبىرەك جېڭى بولغاندا ئاۋازلار ئارىلىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ كىچىك زەمبىرەكلىرىمىز ئاسانلىقچە بايقىلىپ قالمايدۇ، شۇڭا دۈشمەن توپقا تۇتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن زەمبىرەك ئىستىھكامىنىڭ ئورنىنى كۆزىتىپ، بەش كىچىك زەمبىرەك بىلەن تەڭ توپقا تۇتۇپ، ئوت كۈچى بېسىمى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك، دېگەننى تەتقىق قىلىپ چىققان. بۇ ئۇسۇل راستىنلا ئۈنۈم بېرىپ، دۈشمەننىڭ چوڭ زەمبىرەكلىرىنىڭ ئۈنى ئۆچكەن.

جوۋ خوۋگاڭ پۈتۈن لىيەندىكى جەڭچىلەرگە پەم ـ پاراسەت، باتۇرلۇق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، سەككىز كېچە ـ كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان، دۈشمەننىڭ شىددەتلىك زەمبىرەك ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدىكى 40 نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، 605 دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، 785 ـ ئېگىزلىكنى چىڭ ساقلاپ، يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغان.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، 5 ـ لىيەن بۇيرۇققا بىنائەن 785 ـ ئېگىزلىكتىن چېكىنىپ چىققان. ئىستىھكامدىن چېكىنىپ مىنا كۆمۈۋاتقاندا، جوۋ خوۋگاڭ بەختكە قارشى قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئاران 27 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ يارىتقان تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ئۇنى ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا «1 ـ دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى» دەپ نام بەرگەن. جوۋ خوۋگاڭ ھايات ۋاقتىدا قوماندانلىق قىلغان 5 ـ لىيەنمۇ كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

جوۋ خوۋگاڭنىڭ جىيەنى جوۋ چاڭفا مۇنداق دېدى: ئىنقىلابىي قۇربان جوۋ خوۋگاڭ نەنگاڭتوۋ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى. بىز بۈگۈنكى تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلىشىمىز، جوۋ خوۋگاڭنىڭ قەھرىمانلىق روھىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ، يۇرتىمىزنى ياخشى قۇرۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك كۈچىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئالتە تۈرلۈك تەدبىرى

ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 36 مەدەنىيەت، ساياھەت تۈرىنى قوللىغان. نۆۋەتتە، تۈر قۇرۇلۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇنقى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىپ، قىسمەن تۈرلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇش باشلانغان.

مەنزىرە رايونى كىرىش بېلىتىنىڭ باھاسىنى بېكىتىش ۋە مەنزىرە رايونى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنىڭ ھەق ئېلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇلغان. «ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق دۆلەت ئىلكىدىكى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى باھاسىنى تۆۋەنلىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» «مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى باھاسى ۋە ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقىتىلىپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى باھاسى ۋە مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى ئاپتوموبىل توختىتىشقا قالايمىقان ھەق ئېلىش قىلمىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەت تور بېكەتلىرى ھۆكۈمەت باھاسىنى بېكىتكەن مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى ۋە ياندىش مۇلازىمەت ھەققى تىزىملىكى، باھا ئۆلچىمىنى جەمئىيەتكە مەركەزلىك ئېلان قىلغان.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ئاپتونوم رايونىمىز ساياھىتىنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇلغان ۋە يېتەكلەنگەن. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنى «مېھمانلارنى شىنجاڭغا يەتكۈزۈش» سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا ماسلاشتۇرۇپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ ئەسقاتىدىغان، ماھارەت تىپىدىكى ساياھەت ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشى پائال كۈچەيتىلىدىكەن. جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى دۆلەت جۇغراپىيە ژۇرنىلىنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت باش تېما قىلىنغان قوشۇمچە سانىنى نەشر قىلىشقا ماسلاشتۇرغان ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزگىچە قار ـ مۇز ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىشىغا پائال ھەمكارلاشقان؛ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى چاڭجياڭ دېلتىسى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەم جەنۇبىي شىنجاڭغا ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يىغىنىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېچىپ، «جېجياڭ ـ ئاقسۇ مەنزىرىسى» ناملىق ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە ھۆددە ئايروپىلانىنى قاتناتقان؛ خۇبېي ئۆلكىسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت، ساياھىتىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەخسۇس كۇرسى قاتارلىقلارنى ئاچقان.

ساياھەت قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلغان. كورلا ـ ئاقسۇ ـ قەشقەر تۆمۈريولىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش، G218 لىنىيەسىدىكى دۆڭمازار ـ نارات 1 ـ دەرىجىلىك تاشيولى، ئۈرۈمچى ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم قۇرۇلۇۋاتقان قاتناش ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تېزلىتىلگەن؛ موڭغۇلكۈرە ئايرودرومى، كېرىيە ئايرودرومى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، يىل ئىچىدە قۇرۇلۇش باشلاش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدىكەن؛ غۇلجا ـ ئاقسۇ تۆمۈريولى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇلۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى پائال ئالغا سىلجىتىلىپ، يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكى كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان.

ساياھەت تەرەققىياتىنى سىياسەت ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق قوللاش يەنىمۇ كۈچەيتىلگەن. يېزا ـ كەنت ساياھەت يولى ۋە ئاپتوموبىل توختىتىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش، يېزا ـ كەنت ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمەت ئۆلچىمى قاتارلىق يېزا ـ كەنت ساياھەت تەرەققىياتىدىكى ئاجىز ھالقىلار چۆرىدىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «يېزا ـ كەنت ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش لايىھەسى (2019 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)» تۈزۈلۈپ ۋە بېسىپ تارقىتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان ئامىللارنى ھەل قىلىدىغان خىزمەت تەدبىرلىرى ۋە ۋەزىپە تەقسىماتى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تۈزۈشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەتقىقات خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، قىسمەن تەتقىقات خىراجىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت، ساياھەتنىڭ «14 ـ بەش يىللىق» تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تېما تەتقىقاتىغا مەدەت بېرىلگەن.

«كارامەت زەمبىرەكچى» ۋاڭ خېڭ: زەمبىرەك ئوقىغا كۆز چىقىرىش

ۋاڭ خېڭنىڭ سۈرىتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ مىن) بۇ يىل 77 ياشقا كىرگەن ۋاڭ دېسەي ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ خېڭنىڭ جىيەنى، بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ۋاڭ خېڭنىڭ كونا سۈرىتىنى ئېلىپ چىقىپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا مۇنداق دېدى: «5 ـ تاغامنىڭ بىلىمى مول، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، جەڭدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۇ ئائىلىمىزنىڭ پەخرى».

ۋاڭ خېڭ، يەنە بىر ئىسمى ۋاڭ خاۋفۇ، 1912 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خېبېينىڭ رېنچيۇ شەھىرى شىنجۇڭجېي بازىرى شىمالىي شىنجۇڭجېي كەنتىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1930 ـ يىلى، ۋاڭ خېڭ شەرقىي شىمال جياڭۋۇتاڭنى پۈتتۈرۈپ، شەرقىي شىمال ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي خېبېي ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدە شۆبە ئەترەت باشلىقى بولغان.

1937 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ خېڭ شەرقىي خېبېي ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ھەم 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيەگە قاتناشقان، شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 8 ـ ئارمىيەنىڭ يېڭجاڭى، ئۇرۇش قىلىش سەنمۇسى، 8 ـ ئارمىيە 3 ـ زۇڭدۈيى قوشۇمچە ئوتتۇرا خېبېي ھەربىي رايونى 29 ـ تۇەنىنىڭ سەنمۇجاڭى، سەنشى ـ چاخار ـ خېبېي ھەربىي رايونى 13 ـ ھەربىي شۆبە رايونى 12 ـ تۇەنىنىڭ سەنمۇجاڭى، رېخې ـ لياۋنىڭ زۇڭدۈيى ئارىلاشما لۈسىنىڭ لۈجاڭى، خېبېي ـ رېخې ـ لياۋنىڭ ھەربىي رايونى 16 ـ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان، كېيىن قوشۇمچە جىجۇڭ قوغداش سىلىڭبۇسىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولغان؛ خېبېي ـ چاخار ـ رېخې ـ لياۋنىڭ ھەربىي رايونى زەمبىرەكچىلەر لۈسىنىڭ مۇئاۋىن لۈجاڭى، شەرقىي شىمال زەمبىرەكچىلەر سىلىڭبۇسى 1 ـ قوماندانلىق ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 4 ـ دالا ئارمىيەسى ئالاھىدە ئەسكەرلەر سىلىڭبۇسى زەمبىرەكچىلەر 1 ـ شىسىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن شىجاڭى، زەمبىرەكچىلەر 8 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1949 ـ يىلى ئەتىيازدا، ۋاڭ خېڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى زەمبىرەكچىلەر 25 ـ تۇەنىنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ھالقىپ، خېڭياڭ ـ باۋچىڭ جېڭىگە قاتناشقان، قالدۇق دۈشمەننى گۇاڭشىغىچە قوغلاپ يوقىتىپ، جەڭدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن.

1950 ـ يىلى، ۋاڭ خېڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ چاۋشيەنگە كىرىپ ئۇرۇش قىلغان، پىدائىي قىسىم زەمبىرەكچىلەر 8 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى بولغان، قىسمىنى باشلاپ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ قېتىملىق جەڭلەرگە ۋە ئىستىھكام مۇداپىئە جېڭىگە قاتنىشىپ، دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىش، دۈشمەننى ئوت كۈچى ئارقىلىق بېسىش قاتارلىق يۇقىرى تاپشۇرغان جەڭ ۋەزىپىلىرىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، پىيادە قىسىملارنىڭ جەڭ قىلىپ دۈشمەننى يوقىتىشىغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەن.

جەڭدە، ۋاڭ خېڭ ئەسلىدىكى جەڭ قىلىش شەكلىنىڭ يېڭى ئۇرۇش مۇھىتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جەڭدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، جەڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە تۇتۇش قىلىپ، قىسىمدا تەرتىپكە سېلىش، تەلىم بېرىشنى قانات يايدۇرغان. تەرتىپكە سېلىش، تەلىم بېرىش جەريانىدا ئۇ شى سىلىڭبۇسىغا خەرىتىدىن پايدىلىنىپ قارىغا ئېتىش ۋە تاغدا قارىغا ئېتىش تۇيۇقسىز ھۇجۇم مەشىقىنى تەشكىللەشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كېچىدە قارىغا ئېتىشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن. كېيىنچىلىك ھەربىي يۈرۈش مەشىقى قىلغاندا، پەلەمپەيسىمان ئازايتىش، ئارىلىقنى كېڭەيتىش ۋە قاتناش قاراۋۇللىرىنى كۆپەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قىسىمنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى ئازايتقان. مانېۋىردا قاتتىق نىقابلىنىشنى يولغا قويۇپ، زەمبىرەكنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇشتۇمتۇت تېز سۈرئەتتە توپقا تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ زەربىدار جىنتۇەنىگە زەربە بەرگەن.

1951 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ۋاڭ خېڭ قىسمىنى باشلاپ تەرتىپكە سېلىش، تەلىم بېرىشنى قانات يايدۇرغان مەزگىلدە جىددىي كېسەللىك تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ھەم كېزىككە گىرىپتار بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 23تە بەختكە قارشى قازا قىلغان، شۇ يىلى ئۇ 39 ياشتا ئىدى.

ئەينى چاغدا توپچىلار 1 ـ شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى بولغان لياڭ بىڭ مۇنداق دېدى: «شجاڭ ۋاڭ خېڭ مەيلى خۇاڭخېدىن ئۆتۈش، چاڭجياڭدىن ھالقىش، شياڭجياڭدىن ئۆتۈشتە بولسۇن، خېڭياڭ ـ باۋچىڭ جېڭىگە قاتنىشىش ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا دۈشمەنگە گۇاڭشىغىچە قوغلاپ زەربە بېرىشتە بولسۇن، ھەممىلا جايدا ئۆزى ئۆلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆلگە كۆرسىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇ مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ياد ئېتىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قەھرىمان».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)